# 175176 - ئايالنىڭ يېنىدا يەنە بىر ئايالنىڭ بولۇشى بىلەن خىلۋەتنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالامدۇ؟

## سوئال

ئايالىم ئۆيدە گاز تۇڭگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى، گاز تۇڭنى ئالماشتۇرۇش زۆرۈر ئىدى، مەن ئۆيدە ئەمەس، گاز تارقاتقۇچى ئۆيگە كىرىپ يېڭى گاز تۇڭنى ئورۇنلاشتۇرۇپ چىقىپ كەتسە بولامدۇ؟، ئايالىمنىڭ يالغۇز قالماسلىقى ئۈچۈن يەنە بىر ھەمشىرە بىرگە بولسا توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل
مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ
پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا
مەنسۇپتۇر.

1- بارلىق دىنى ئالىملارىيات ئايال بىلەن يات
ئەرنىڭ يالغۇز جايدا بىرگە تۇرۇشىنىڭ
ھارام ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن. بۇ
ھەقتە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام
مۇنداق دېگەن: **«ياتئەركىشمەھرىمبولمىغانياتئايالبىلەنيالغۇزقالمىسۇن.»** [بۇخارى رىۋايىتى
5233-ھەدىس،
مۇسلىم رىۋايىتى 1341- ھەدىس].

ئىمام نەۋەۋىي
رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: “يات ئەر يات
ئايال بىلەن ئۈچىنچى بىر كىشى بولمىغان بىر جايدا يالغۇز
قىلىشى، بارلىق ئۆلىمالارنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن
چەكلەنگەندۇر يەنى ھارامدۇر”. [سەھىھ
مۇسلىمشەرھى 9- توم 109- بەت].

ئىمام سەنئانى رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: " بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىس،ئەر كىشىنىڭ يات ئايال بىلەن بىر جايدا يالغۇز قېلىشىنىڭ ھاراملىقىنى ئىسپاتلايدۇ.بۇ بارلىق دىنى ئالىملارنىڭ بىردەك كۆز قارىشىدۇر". [سۇبۇلۇس سالام 1- توم 608 – بەت].

2- قىز-خانىملار مەھرىمى ياكى يولدىشى ئۆيدە بولمىغان ھالەتتە، يات ئەركەكنىڭ ئۆيگە كىرىشىگە تۆۋەندىكىدەك ئىككى شەرت ئاستىدا رۇخسەت قىلىدۇ:

بىرىنچى شەرت: بۇنىڭ ئۈچۈن يولدىشى رۇخسەت قىلىشى كېرەك.

ئىككىنچى شەرت: ئۇ ئايال ئۆيدە يالغۇز بولماسلىق بەلكى ئۇنىڭ يېنىدائوغلى، قېرىندىشى ياكى دادىسىغا ئوخشاشىنكاھلىنىشى ئەبەدىي چەكلىنىدىغان تۇغقانلىرىدىن بولغان مەھرىمى بولىشى كېرەك. ئەگەر ئۇ ئايال بىلەن مەھرەم بولماستىن بەلكى باشقا بىر ئايال بولسىمۇخىلۋەت يەنى يالغۇز قېلىشنىڭ چەكلىنىشى، بىرگە تۇرغان ئايالنىڭ ئىشەنچلىك يەنى ئىماندار بولىشى شەرت ئاستىدا ئەمەلدىن قالىدۇ. چۈنكى يېنىدىكى ئايال ئىشەنچلىك بولغاندا يات ئەردىن ئەنسىرەشتىن خاتىرجەم بولىدۇ.

ئىمام نەۋەۋي رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "يات ئەر يات ئايال بىلەن ئۈچىنچى بىر كىشى بولمىغان بىر جايدا يالغۇز قىلىشى، بارلىق ئۆلىمالارنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن چەكلەنگەندۇر. ئەمما ئەركىشى بىرنەچچە ئايال بىلەن بىر جايدا تۇرسا، توغرا قاراشتا جايىز دېيىلدۇ. [سەھىھ مۇسلىمشەرھى 9- توم 109- بەت].

ئىمام سەنئانى
رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:
ھەدىستە، **«ئۇ ئىككىسىنىڭ
ئۈچىنچىسى شەيتاندۇر»**دەپ
كەلگەن، يەنى مۇشۇنداق ھالەتتە
مەھرەم بولالمايدىغان بىرى بۇلار بىلەن بىرگە بولسا
يالغۇز قىلىش دېگەن ئۇقۇم يوق بولامدۇ؟
دېگەندە، يوق بولىدۇ. چۈنكى، ئۈچىنچى بىر
شەخسنىڭ ھازىر بولىشى بىلەن ئىككەيلەن ئارىسىغا
شەيتاننىڭ پىتنە سىلىپ قويۇش قورقۇنچىسىدىن
خاتىرجەم بولغىلى بولىدۇ. [سۇبۇلۇس سالام 1- توم 608].

خۇلاسە:سىز گاز
يەتكۈزگۈچى خادىمنى، ئايالىڭىز يالغۇز قالمىغان
ۋە يېنىدىكى يەنە بىر ئايالنىڭمۇ
ئامانەتدارلىقىغائىشەنچ قىلالىغان شەرت ئاستىدا، ئۆيگە
كىرىشكە رۇخسەت قىلىشنى دۇرۇس دەپ قارايمىز. ئەسلىدە
شەرئى پرىنسىپدا، يۇقىرىقىدەك ئىشلار
سەۋەبلىك، قىز-خانىملارنىڭيات ئەركىشىنىڭ
ئۆيگە كىرىشگە رۇخسەتبېرىشى ئۈچۈن،
يېنىدا مەھرەم بولۇشلازىمدۇر.

ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچىئاللاھدۇر.

تەرجىمە قىلغۇچى:
سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ
بېكىتكۈچى: نىزامىددىن تەمكىنى